
# پۇتىن ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدا قانداق بولۇپ مەقسىتىگە يېتەلمىدى ۋە رۇس ھەربىي قىسىملىرى قانداق ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلدى؟



نيۇز ۋيك ژۇرنىلى - ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى

ۋىليام م . ئەركىن

24 - 8 - 2022

# پۇتىن ئۇكرائىنا ئۇرۇشىدا قانداق بولۇپ مەقسىتىگە يېتەلمىدى ۋە رۇس ھەربىي قىسىملىرى قانداق ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلدى؟

نيۇز ۋىك ژۇرنىلى – ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى

ۋىليام م . ئەركىن

2022 8 - 24

ھېچكىم، بولۇپمۇ ۋىلادىمىر پۇتىن «ئۇكرائىنانى رۇس ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنى توسىيالايدۇ» دەپ ئويلىمىغان ئىدى. ئۇنداقتا، رۇس كاتتابېشى ئۆتكۈزگەن خاتالىق نېمە؟ نېمە ئۈچۈن؟

ئەلۋەتتە، ئۇكرائىنا ئۇرۇشى زور تەۋرىنىشلەرنى پەيدا قىلدى. ۋىلادىمىر پۇتىن جەڭ باشلاپ ئالتە ئايدىن كېيىنمۇ ئۇرۇش يەنىلا داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئۇكرائىنانىڭ زور رۇس قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسىيالىشى ھېچكىمنىڭ، ھەتتا پۇتىنىنىڭمۇ خىيالىغا كەلمىگەنىدى. ھۇد (2- ئاي)نىڭ ئاخىرىدىن تومۇز (8- ئاي)غىچە ئۇكرائىنا تاپشۇرۇۋالغان بارلىق ياردەم غەربنىڭ ئوتتۇراھال تېپلىق قوراللىرى، بەزى غەرب سىياسىيونلىرىنىڭ ياردەم ھەققىدىكى خىتابلىرى ۋە ئامېرىكىدا كۆتۈرۈلگەن «بىز ئۇكرائىنا بىلەن بىر سەپتە تۇرىمىز» دېگەن شوئارلاردىن ئىبارەت بولدى.

ئەمەلىيەتتە، رۇس ئارمىيىسى ئىقتىدارسىز قوماندانلار، ناچار قوراللار ۋە زەنجىرسىمان تەمىنات ئۈزۈلۈپ قېلىشقا تايىنىپ قالغاندا ئۇكرائىنا ئەسكەرلىرى قەتئىيلىكىنى ئۆزىدە ھازىرلىدى. شۇنىڭدەك، پۇتىنىنىڭ ئۆزىمۇ توسالغۇلۇق رول ئوينىدى. ئۇ خەلقئارالىق ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، كىيۋدىكى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش مەقسىتىدە، ئېچىنىشلىق جەڭ بۇيرۇقىنى چىقاردى. مەغلۇبىيەتلىك كۈچىنى دونباسنى ئىگىلەشكە قاراتتى-دە، بۇلار بۇ ھەرىكەتتە رۇس قوراللىق قىسىملىرىنىڭ خورىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنداقلا، ئۇ گېنىراللىرىنى كۆزگە ئىلمىدى، (ئۇرۇشتا ئۇلاردىن ئونلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا) بەزىلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى، قەستلەشتىن قورقۇپ ئۇلارنى ئەتراپىدىن قوغلىدى. ئۇرۇشنى كۆزىتىۋاتقان ئامېرىكا ئىستىخبارات مەسئۇلىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، گېنىراللىرى روس كاتتابېشىدىن ئاساسلىق مەلۇماتلارنى يوشۇردى. شۇنىڭدەك، پۇتىن رۇس خەلقىگە قارشى ۋەھشىيلىكى ئاز بولمىغان ئۇرۇشقا كىردى. يەرلىك ئەركىنلىكىنى چەكلىدى. رۇس ئارمىيىسىنىڭ زىيانلىرىنى چۈرىدىگەن ھەقىقەتلىرىنى يوشۇردى. ئۆلۈك ۋە يارىدارلارنى ئائىلىسىگە كېچىكتۈرۈپ خەۋەر قىلىش بىلەن بىرگە، كېچىدە يۆتكىدى.

ئامېرىكا ئىستىخبارات ۋە ئارمىيە قوماندانلىرى نيوۋزويېك ژۇرنىلىغا مۇنداق دېدى: «ئۇلار ئەمەلىيەتتە، كۆرگۈنىدىنمۇ ئېغىرراق تاسادىپىيلىققا يولۇقتى. لېكىن، ئۇلار ئېرىشكەن نەتىجىنىڭ ئەڭ مۇھىمى رۇسىيە پىرىزدىنتىنىڭ ئۆز ئادەملىرىگە توسقۇنلۇق قىلىشى بولدى».

پۇتىن «بىز ھازىرقى زاماندا بىلگەن باشقا بارلىق دىكتاتورلارغا ئوخشاش، ئۆزىنى

ئارمىيىسىدىنمۇ ۋە ھەرقانداق تەجرىبىلىك كىشىدىنمۇ كۆپرەك ھەم ياخشىراق بىلىدۇ» دەپ قارايدۇ. رۇسىيەدە ئىشلەيدىغان (كىملىكىنى ئاشكارىلىماسلىقنى تەلەپ قىلغان) ئىستىخبارات مەسئۇلىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى نىۋىز ۋىيك ژۇرنىلىغا مۇنداق دېدى: «پۇتىن 1975- يىلى سوۋېت ئارمىيىسىدە بىرقانچە ئايلا خىزمەت قىلغان. ئۇ سوۋېت ئىستىخبارات سىستېمىسىدا (ك گ ب) ئوفىتسېر بولۇشتىن ئىلگىرى، زەمبىرەك قىسىمدا ئىشلىگەن. ئۆتكەن 22 يىل مابەينىدە رۇس دۆلىتىگە باش بولۇش سۈپىتى بىلەن سۇرىيە ئۇرۇشىدىن باشقا، دۆلىتى ئەتراپىدىكى ئۈچ ئۇرۇشنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسى بولدى. شۇ ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئۆزىگە، رۇسىيەدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر گېنېرال باھاسىنى بەردى. شۇنداقلا، ئۇ ئىشلاردىن رۇس قوراللىق ئارمىيىسىنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە يېڭىلانغانلىقىغا، خاتالىقتىن خالىي ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ



قىلدى. ھازىر رۇس كاتتىبېشىنىڭ خاتا ھۆكۈمى ۋە مەنمەنچىلىكى ئۇكرائىنا ئۇرۇشىنى قانداق ئاياقلاشتۇرۇشقا ئەڭ زور تۇسالغۇلارنى پەيدا قىلدى. پۇتىن ئۇكرائىنا ئۇرۇشىنىڭ زىيىنىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن رۇس ئارمىيىسى ۋەيران بولدى ۋە دۆلەت خارابلىق گىردابىغا كېلىپ قالدى. پۇتىن «ئۇكرائىنا خەلقى ئۆزلىرىنى رۇس ئارمىيىسىنىڭ ئازاد قىلىشىنى كۈتىۋاتىدۇ، ئۇلارنى مىننەتدارلىق بىلەن قارشى ئالىدۇ» دەپ ئىشەنچ قىلغانىدى. رۇس راكېتاسىنىڭ ئۇرۇش باشلىنىپ ئىككى كۈندىن كېيىن پايتەخت (كىيىۋ) دىكى ئاھالىلەر بىناسىغا تېگىشى، ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نەمۇنىسىدۇر.

## بىرىنچى خاتالىق

رەئىس پۇتىن ئۇكرائىناغا ھۇجۇم باشلاش بۇيرۇقى چىقارغاندا، ئامېرىكا ۋە رۇس ئىستىخباراتلىرى پۇتىننىڭ «رۇس ئارمىيىسى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقان ئاھالىلەرنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن تارقىلىش ئەسناسىدا مىننەتدارلىق بىلەن كۈتۈۋېلىنىدۇ» دەپ ئىشىنىدىغانلىقىغا بىردەكلىككە كەلگەن. پۇتىن كۆپ قېتىم ئۆزىگە ۋە روس خەلقىگە «ئىككى دۆلەت ئەسلىدە بىر دۆلەت ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورتاق تارىخى، مەدەنىيىتى، دىنى بار، ھەتتا بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدۇ» دېگەن. ئۇ بۇلارغا ئىشەنچ باغلىغاندەك كۆرۈنەتتى.

پۇتىن 2014-يىلى قىرىم يېرىم ئارىلىنى ۋە دومباسنىڭ بىر بۆلىكىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، «ئۇكرائىنا 8 يىل مابەينىدە، ئارتىسلىرى بىلەن ئۇسۇل ئويناپ مەشھۇر بولغان سابىق كومېدىيە ئارتىسىنىڭ قوماندانلىقىدا ئاجىزلىدى» دەپ ئويلاپ ئىككىنچى ئۇرۇشنى پىلانلىدى. 2-ئايدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشنىڭ نىشانى زېلىنىسكىينى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۈتۈن دۆلەتنى ئىگىلەش بولۇپ، رۇسىيە كىيېۋغا تەھدىت سېلىش مەقسىتىدە ئۇكرائىنانىڭ شىمالىدىكى بېلىروسىيەگە 10 مىڭلاپ ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردى. پۇتىن رۇسىيەنىڭ ئىلگىرىكى سان ئۈستۈنلىكىگە ئاساسلىنىپ، «كىيېۋدىكى ھۆكۈمەتنى 72 سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا مەغلۇپ بولىدۇ» دەپ مۆلچەرلىگەن. يەنە بەزى تەرەپلەردىن، غەرب رۇسىيەنىڭ ئۇرۇش ئىقتىدارىنى زىيادە يۇقىرى مۆلچەرلەپ، ئۇكرائىنانىڭ ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى تۆۋەن كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇ مۆلچەرگە ھەسسە قوشقان. لېكىن، ئۇكرائىنانى «ئاجىز، سانىنى ئاز، يەنى تېز، مۇتلەق غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ» دەپ ئويلىغان كىشى پۇتىننىڭ ئۆزىدۇر.

كىيېۋ ئۇرۇش لىنىيىسى تېزلا خالتا كوچىغا بېرىپ قالدى. رۇسىيەنىڭ ئۇرۇش پىلانى ھەققىدىكى تەخمىنلىرى غۇلاپ چۈشۈپ، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى تېز سۈرەتتە

ئىلگىرلەشتە مەغلۇب بولدى، چۈنكى ئۇ خالتا كوچىدا بولغان بولۇپ، تېزلا ئاساسلىق تەمىناتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. ئالاھىدە قىسىم ۋە ھاۋادىن يۆتكىلىدىغان قىسىملار قۇرۇقلۇقتا چۇشۇپلا تەھدىت ۋە قورشاۋغا يولۇقتى. ھاۋا ئارمىيە ۋە راكېتا قىسىملىرى ئۇكرائىنا ئارمىيىسىنى ئامېرىكىچە ئۇسلۇبتا كاردىن چىقىرىشىنى نىشان قىلغان بولۇپ، بەلكىم نىشانىدا خاتا كەتكەن بولۇشى ياكى يېتەرلىك (توغرا) كۈچ چىقارمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ، بۇ ۋەزىپىدىمۇ ھەم مەغلۇب بولدى.

مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋىليام بىرنىس، ئۆتكەن ئايدىكى ئەسبىن بىخەتەرلىك يىغىنىدا مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، پۇتىن ئۇكرائىنانى تېز سۈرەتتە كونترول قىلالايمەن دەپ ئويلاپ قالدى. بۇنىڭ ھازىرقى باسقۇچتا پۇتىن ۋە رۇسىيەنىڭ ئىستراتېگىيلىك مەغلۇبىيىتىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قىلىشى مۇقەررەردۇر».



زېلېنسكى خارىكفتىكى زىيانغا ئۇچرىغان ئورۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

## زاپاس پىلان يوق

ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇن داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇكرائىنا، بولۇپمۇ غەربنىڭ يېڭى ئوق-دورا، قورال-ياراغلىرىغا ماسلىشىپ جەڭ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتەلىدى. ئۇكرائىنا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئوۋلىسكى رېزنىيكوف مۇنداق دېگەن: «بىزدە رۇسقا ئوخشاش يەر-زېمىننى بومبا، ئەسكەرلەرگە توشقۇزۇۋەتكۈدەك لازىمەتلىكلەر يوق، شۇڭا ئۇكرائىنا تاكتىكا ۋە ئۇرۇشنى خىلمۇخىل شەكىلدە ئۆزگەرتىشى زۆرۈر».

سىموۋوللۇق، ئەمەلىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇكرائىنا ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئۆزگۈرۈشىدىكى ئارتۇقچىلىق، «ئامېرىكىنىڭ ھىيمارىس ھەرىكەتچان زەمبىرەك راكېتا سېستىمىسىغا ئېرىشكەنلىكى» دەپ قارىلىدۇ. بەزى تەرەپلەردە، ئۇ ئامېرىكا ۋە غەربىي-ياۋروپا تەمىنلىگەن، كۆپ راكېتا ئاتالايدىغان، مۇكەممەللەشكەن يىراق مۇساپىلىك زەمبىرەك سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى مۇساپىسىنىڭ يىراقلىقى زۆرۈر ئەمەس، لېكىن يەر يۈزىدە دەل تېگىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان راكېتا ۋە ئوقىنىڭ بولغانلىقىدۇر. بۇ ئەڭ ئاز چېقىم بىلەن، يىراقتىن دىنىيېپىر كۆۋرۈكى ۋە رۇس بازىلىرىغا قىلىنغان ھۇجۇم ئىسپاتلىغاندەك، كۈتكەن نەتىجىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پۇرسەت يارىتىدۇ. لېكىن، پۇتىن يەر يۈزىدە رۇس ئەسكەرلىرى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ۋە ئۇلار موھتاج بولىدىغان، بارغانسىرى كېمىيىۋاتقان تەمىنات مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئۆزگىرىۋاتقان شارائىتقا ماسلىشىشقا قىزىقمايدۇ ياكى ئىقتىدارى يوق ۋە ياكى گاڭگىراپ قېلىۋاتىدۇ. رۇس ئارمىيىسى ئىشلىتىۋاتقان تاكتىكا جاھىللىق بىلەن توڭلىتىپ قويۇلىۋاتىدۇ.

بىرقانچە ئامېرىكا ئىستىخبارات مەنبەلىرىنىڭ نىۋز ۋېيك ژۇرنىلىنى تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، پۇتىن گېنېراللىرىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن. لېكىن، ئەڭ ناچار نەتىجە بولغىنى، پۇتىن ئارمىيىسىنىڭ شىمالدا پايتەختكە قارشى، شەرقتە ئۇكرائىنانىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرى خاركىفقا قارشى، شەرقىي جەنۇبتا دونباسقا قارشى، يىراق غەربىي جەنۇبتا ئۇكرائىنانىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ساھىل شەھەر ئوۋدىساغا قاراپ ئايرىم-ئايرىم تۆت فرونت ئېچىشتىن ئىبارەت تېز غەلىبە مۆلچەرىگە ئاساسلانغان كېڭەيمىچىلىك ئىستراتېگىيەسىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغانلىقى بولۇپ، ئۇزۇن ئۇرۇش ھەققىدە پىلان تۈزۈشكە كۆڭۈل بۆلمىگەن ۋە زاپاس پىلان بېكىتمىگەن ئىدى.

ھازىر موسكۋا راكېتا زەربىسىنىڭ سانىنى ئاشۇرالمايدۇ، چۈنكى ئەمەلىيەتتە

ئۇنىڭ ئومۇمىي تەمىناتى تۈگەپ قالدى؛ ئۇكرائىنا ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سەپلىرىگە ھاۋا ھۇجۇمىنى كۈچەيتەلمەيدۇ، چۈنكى ئايروپىلانلىرى ھازىرغىچە ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ نىشانى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەك ئىقتىدارىنى يوقاتقان بولۇپ، چاقماق تېزلىكىدە ئۇرۇش ئېچىش ئىقتىدارى قالمىدى. قولىدا قالغىنى پەقەت، قىسىم ئىلگىرىلەشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يېقىن مۇساپىلىق راكېتا ۋە زەمبىرەكلەر تۈرى خالاس. روسىيە چەكلىمىسىز ئۇرۇشتا ئۇرۇش قوزغاشنى داۋاملاشتۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ، بۇلۇپمۇ پۇتىن ئالدىنقى سەپلەردە جاھىللىق بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقان قۇراللىق قىسىملارنىڭ قوماندانلىقىدا بۇلۇپلا قالسا تېخىمۇ شۇنداق. ئاخىرقى ھېسابتا بۇ پەقەت زىيان تارتىقۇچى ئىستىراتېگىيەدۇر.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇكرائىنا ئېغىر زىيان تارتقىنىغا قارىماي ھازىر يەر يۈزىدە روسىيە ئىگە بولغان قىسىملار ساندىن يەتتە ھەسسە ئارتۇق كۈچنى ـ ئىشلەۋاتقان كۈچلەر كىيىۋغا نىسبەتەن مەسىلە پەيدا قىلمايدىغان دەرىجىدە ـ ھەركەتلەندۈرۈشكە قادىر. بۇلۇپمۇ ئۇكرائىنادا ئىشلەۋەتقان ئەسكىرى كۈچنىڭ جۇغلانمىسى ئاخبارات ۋاستىلىرى تەسۋىرلىگەندىنمۇ زور بۇلۇپ، دۆلەت پىدائى ئەسكەرلەر بىلەن تولدى. غەربلىك كۆزەتكۈچىلەردىن بىر قانچىسى ئۇكرائىنانىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ھەقىقەتتىگە ـ ئامېرىكا دۇنيادىكى تۆتىنچى چوڭ ئارمىيە ـ سادام بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئەسىردە ياشاۋاتقاندەك ـ بىپەرۋالىق قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ. كۈزەتكۈچىلەرنىڭ ھازىر رەقەملەرنىڭ يالغان بۇلۇش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى بىلىۋېلىشى زۆرۈر، شۇنداقلا يېڭىچە قۇراللارنىڭ تەسىرىنى مۆلچەرلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى لايىق ئىدى. ئارمىيە تۇقۇنۇشتا كۆپلەپ زەمبىرەك ئوقلىرىنى ئاتالىشى ياكى نۇرغۇن بومبىلارنى تاشلىيالىشى مۇمكىن، لېكىن ياخشى تىزگىنلىنىدىغان ۋە نىشانغا توغرا تېگەلەيدىغان بەزى قۇراللارنىڭ تەسىرى زور بۇلۇپ، ئۇكرائىنا ھازىر بۇ جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە.

بېرنىز مۇنداق دەيدۇ: ـ « پۇتىن ئىتتىپاقداشلىقنى بۇزۇش ۋە ئۇكرائىنانىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش ھەققىدىكى پەرەزلىرىدە خاتالاشقان ئىدى». چۈنكى يەر يۈزىدە ئىشلار بېرنىز دېگەندەك تولىمۇ خاتا شەكىلدە كېتىپ بارغان ئىدى. مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى پۇتىننى «نىشانىنى تارايتىۋەتتى» دەپ قارايدۇ. پۇتىن ئۇكرائىنانى ئىگەللەش ياكى دومباسنىڭ سىرتىدىن يەر ئىگەللەشكە يۈرۈش قىلالمايدىغان بۇلۇپ قالدى.




ئاخبارات ئەركىنلىكى ئۇكرائىنا ھەققىدە يالغان خەۋەر تارقىتىدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ ئىنتىرنىتتىكى تەشۋىقات ۋە ئاخبارات ئەركىنلىكىنى نىشانغا ئالدى.

## ئىشەنچنى يوقىتىش:

ئۇرۇش باشلىنىپ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن پۇتىن كىيىۋ سېپىدىن چېكىنىشنى قارار قىلدى ۋە جەڭ مەيدان قوماندانلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى، بەلكى جەنۇپقا يېڭى گېنىراللىنى باش قوماندان قىلىپ تەيىنلىنىدى، بىر قانچە ئامېرىكا ھۆكۈمەت مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا پۇتىن ئىستىخبارات رەئىسى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بىلەن بىرگە جەڭ قىلدى، جەڭگە قارشى تۇرغۇچىلار ۋە شەكلەنگۈچىلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويدى. ئاندىن ئىشلارنى تېخىمۇ چىگىش قىلىپ، ئۇكرائىنانىڭ قار دېڭىز ساھىلىدىكى پۇتۇن يەرلىرىنى ئىگەللەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق جەنۇبى نىشانلارنى كېڭەيتىشتە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، دومباس سېپىدە يەر ئىگەللەشنى نىشان قىلغان ئىلگىرلەش پىلانىنى ـ ئاساسلىق ۋەزىپىنى ۋەيران قىلدى.

بۇ قەدەم ئەنگلىيە ئىستىخبارات مۇدىرى جېم ھوكىنھالىنىڭ تۇمۇزنىڭ ئاۋالقى كۈنلىرىدە دېگىنىگە ئاساسلانغاندا، پۇتىن بىلەن ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ بوشلىقىنى كېڭەيتىۋەتتى.

ئۆزىنى ئاشكارلىماسلىقنى تەلەپ قىلغان ئامېرىكا ئەسكىرى ئىستىخباراتىدىكى چوڭ مەسئۇل ئۇچۇق قىلىپ مۇنداق دېدى: ـ«كېرمىل تەرەپتىن سىياسىي ئارلىشىشىنىڭ تەسىرى بار بولۇپ، پۇتىن قارارىنىڭ كەسكىن مەركەزدىن چىقىرىلىشىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، يېڭىلىق يارىتىشنى ئاشۇرۇشقا قىزغىن شەكىلدە قىزىقتۇرىدۇ، لېكىن جەڭ مەيدانىدا يېڭىلىق يارىتىش، تەشەببۇسكارلىق، خەۋىپ ـ خەتەرگە يۈزلىنىشنى قوبۇل قىلماي، مۇستەبىتلىكتە چىڭ تۇرۇش قاتقان ئىستىراتىگىيەگە ئېلىپ بارىدۇ. روسىيەنىڭ زىچ ئوت كۈچى ۋە زەمبىرەك ئارقىلىق يىراق مۇساپىدىن زەربە بېرىشكە تايىنىشقا قايتىشى مۇقەررەر. روسىيە شۇنىڭ نەتىجىسىدە زور زىيانغا سەۋەب بولۇپ ئالغا ئىلگىرلەيدۇ. ئۇكرائىنا ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىدا تۇرۇشقا پۇرسەت يوق.

پۇتىنىنىڭ خاتالىقلىرى ۋە مەغلۇبىيەتلىرى زور بولدى، لېكىن ئۇرۇشمۇ ھەم روس ئارمىيىسى ئۈچۈن شەرمەندىچىلىك بولۇپ قالدى، ئىلگىرىكى قىسقا يىللاردا، قىسىمدىكى سان ئارتۇقچىلىقى، ئالاھىدە ھەرىكەتلىرى، ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى جەملەيدىغان روسىيەنىڭ يېڭىچە « شالغۇت ئۇرۇش » ئەقىدىسى ھەققىدە يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي ئۇكرائىنادا زور پەرق پەيدا

قىلالمىدى. شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە تانكا، پىيادە قىسىم، زەمبىرەكلەر دىگەندەك قالغان ئەنئەنىۋى قۇراللىق قىسىملىرى تۇزۇم مەسىلىسى سەۋەبتىن ئاجىزلاپ كەتتى، رۇس ئارمىيىسىنى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا مەسلىھەتچىلەر پىكىرى بۇزۇقلىقى، قەدىمكى ھالسىراتقۇچ جازا سىستېمىسى، ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ ئەقلىي ھالىتى ۋە چارچىشىنى نەزەرگە ئالمايدىغان رەھىمسىز ۋەزىپە سىياسىتى - قۇرۇقلۇق قىسىملىرىنى ھالىدىن كەتكەن، قۇرقۇنچاق، مەنىۋىيىتى چۈشكۈن، قوماندانسىز قىسىمغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. جەڭ مەيداندىن يىراقلاشقان ياكى ئۇرۇشتىن باش تارتقان ئەسكەرلەرنىڭ سانى ۋابا سەۋىيىسىگە ئۇلاشتى. ئىستىخبارات كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، ئۇكرائىنادا ئۆلگەن ۋە يارلانغان رۇس ئەسكەرلىرى 80 مىڭغا يېتىدۇ. رۇس مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئادەم تېپىش، ئۇلارنى خىزمەتكە لايىق تەييارلاشقا قادىر بولۇشتا ئەڭ ناچار ھالەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. مۇكاپات، ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى بېرىپمۇ قىسىمنى ئىدارە قىلىشتا مەغلۇب بولىۋاتىدۇ. رۇس يالللانما ئەسكەرلەر، بۇلۇپمۇ مۇنتىزىم قۇراللىق ئارمىيىسىنى كۈچلەندۇردىغان ۋە نۇرغۇن ۋەھشىي تاكتىكىلارنى ئىشلەتكەن ۋاغنىر خۇسۇسىي شىركەتكە قاراشلىق ئەسكەرلەر ھەققىدە بەك كۆپ تەنقىتلەرنىڭ بولۇشىغا قارىماي ئۇلار ھەربىي كۈچنىڭ ئايرىلماس بىر قىسىمىغا ئايلاندى، موسكۋا مەجبۇرى ئەسكەر ئېلىشنى كونترول قىلىدىغان قانۇنى، ئەسكەرلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە ئىش ھەققىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇئەييەن توختاملىق ئەسكەرلەرنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدەك چىچەن قىسىملىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قانۇن سىرتىدىن توپلانغان پىدائىي قىسىملارنى تەشكىللىدى، رۇس ياشلىرى ۋە قىزلىرىدىن بىر قانچىسىنىڭ ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇشتىن باش تارتىشى قوشۇپ، روسىيە مەھبۇسلار ۋە ئەتراپىدىكى پۇقرالارنى ئۆزلىرىگە قوشۇلۇشقا قىزىقتۇرىۋاتىدۇ ۋە ئۇلارغا ئالاھىدە ئىش ھەققى بېرىپ، ئۇلار يېتىپ كىلىشىگىلا كونا ئەسكەرلەرگە سەل قارىدى.

شۇنىڭدەك پۇتىن پۇتۇن دۆلەتتە بىزگە سوۋىت دەۋرىنىڭ تۇزانلىرىنى ئەسلىتىدىغان يېڭى ياشلار ھەركىتى تەسىس قىلغان بولۇپ، ئامېرىكا ئىستىخباراتىنىڭ دىيىشىچە، ئۇ- روسىيەگە غەرب مەدەنىيىتى ۋە خەلقئارا تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ زىيادا سىڭىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇشنى نىشان قىلىش بىلەن بىرگە، قۇراللىق قىسىملارغا ياردەمچى كۈچ شەكىللەندۇرۇش ۋە جەمىيەتنى ھەربىيلەشتۇرۇشنى نىشان قىلغان سېستىمىدۇر. شۇنىڭدەك ئاخبارات ئەركىنلىكى ئۇكرائىنا ھەققىدە يالغان خەۋەر تارقىتىدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ ئىنتېرنېتىكى تەشۋىقات ۋە ئاخبارات ئەركىنلىكىنى

زىيادە شەكىلدە ئازلاتتى. پۇقرالار ئۇرۇشنىڭ ئادەم چىقىملىرى ھەققىدە بايان قىلغان ھەرقانداق مۇسىبەتلەر جەمئىيەتتىكى سۇيۇقلۇق ۋە چېكىدىن ئاشقان پاراۋانلىقنىڭ نەتىجىسى دەپ مالامەت قىلىنىدۇ. ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان، ئۇرۇشقا قارشى نامايىشچىلار مىڭلاپ قولغا ئېلىندى.




پۇتىننىڭ روس جەمئىيىتىگە يۇرگۈزگەن باستۇرۇشىنىڭ تەسىرىنى مۆلچەرلەش قىيىن، لېكىن ئامېرىكا ئىستىخبارات مەسئۇللىرىنىڭ «نيۇز ۋىيك» ژورنىلىنىغا دېيىشىچە، مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى دۆلەتتىن چىقىپ كېتىش چىقىمىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان روسلار چىقىپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ.

دۆلەتتىن ئايرىلىپ يىلدىن-يىلغا قايتماي‌ۋاتقانلار سانى ھەسسىلەپ ئېشىش بىلەن بىرگە ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرى ئىككى مىليون كىشىگە يەتتى.

# يادرو تاللاش:

يەر يۈزىدىكى ئىستراتېگىيەنى ئۆزگەرتىشكە ئىقتىدارىنىڭ بولماسلىقى، جىددىچىلىكنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېتەرلىك لازىمەتلىكلەر ۋە زاپاس قىسىمغان بولغان ئېھتىياجىنىڭ بۇلىشى بىلەن بىللە، پۇتىن سۆھبەتنى قوبۇل قىلىش ياكى كۆز بويامچىلىق بىلەن غەلبىنى ئېلان قىلىش ۋە ياكى يادرو بىلەن كۈچ كۆرسىتىش غەلبىنى قولغا كەلتۈردىغان(ياكى ئۆزىنى ساقلاپ قىلىشتا) ئەڭ ئەۋزەل يول دەپ ئويلاپ قىلىشى مۇمكىن. پۇتىننىڭ يادرو قۇرالى مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا ئۇكىنىھالىنىڭ دېگىنىدەك تولىمۇ يىقىن تۇرماقتا. ئامېرىكىلىق قوماندانلار تۇقۇنۇش باشلانغاندىن بۇيان ئۆتكۈر خىتاب ۋە يادرو قۇرال تەھتىدىنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىشكە كۈچ چىقىرىپ، كىيىۋغا جىددىيلىكتىن ئەنسىرەپ روس زېمىنلىرىدىكى نىشانلارغا ھۇجۇم قىلماسلىق ئۈچۈن تەمكىنلىك بىلەن بېسىم ئىشلىتىپ كەلدى. بۇ موسكۋاغا تاكتىكىلىق ئالاھىدىلىك ئاتا قىلدى، ئۇ بولسىمۇ بىلروسىيە ۋە روسىيەدىكى ئۇكرائىنا چېگرىسىغا پەقەت بىر قانچە مىل كېلىدىغان بىختەر ئورۇنلاردىن ھۇجۇم باشلاش (ياكى تەمىنات يەتكۈزۈش) كە قادىر بولۇشتۇر. مانا مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يادرو قۇرالى ئۈنىمىنى كۆرسەتكەن بولدى: پۇتىننىڭ يادرو قۇرالى ئۇكرائىنانىڭ كۈچىنى چەكلىدى ۋە غەربنىڭ بىۋاستە ئارلىشىشىنى توساپ قالدى.

يەنە بىر تەرەپتىن پۇتىننى يادرو قۇرال ئىشلىتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ دەپ تەخمىن قىلىش تولىمۇ قىيىن، يادرو قۇرال ئىشلىتىشكە تېگىشلىك بولغۇدەك يېتەرلىك دەرىجىدە مۇھىم ياكى قىممەتلىك ئەسكىرى نىشان يوق. ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى سوۋىت- گېرمانىيەنىڭ ياۋروپا سېپىدىكى قارشىلىق لىنىيەسىدە بىر-بىرىگە يۈزمە-يۈز تۇرغان 15 مىليون ئەتراپىدىكى كىشىگە سېلىشتۇرغاندا، 1500 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى ئالدىنقى سەپ لىنىيىسى، شۇنداقلا پۇتۇن ئارقا سەپ ۋە ئۇكرائىنانىڭ بىر قانچە ھەربىي-ھاۋا ئارمىيە بازىلىرىدا 750مىڭ ئۇكرائىنا ئارمىيىسى تارقالغان. جەڭ مەيدانىدا كۈچ توپلاش بىلەن پەرقلەنگەن بۇ زاماندا تاكتىكىلىق يادرو قۇرال پىكرى تۇلۇق شەكىلدە مەيدانغا كەلدى، يادرو قۇرالدىن مۇداپىئە كۆرگۈچىلەرنىڭ پىكرىدىكى نۇقسان روسىيە قىسىملىرىنىڭ ئۇكرائىنا زېمىنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانىنىڭ بىر يۈز ئون نەچچە مىڭغا يەتكەنلىكى ھەقىقەت بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈننى تارىخىي جەڭ ساھەلىرىگە يۆتكەشكە يۈشۈرۈنغان. ئۇكرائىنا ئۇرۇشىنى ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى ئەڭ زور ئۇرۇش دەپ ئۇمۇدسىزلىك بىلەن سۈپەتلەش، يادرو

قۇراللىرىنىڭ جەڭ مەيدانىدا پايدىسى بار دەيدىغان كۆز قاراشنى كۈچلەندۈرگەنلىك بولدى. تېپىشماق: پۇتىننىڭ ئۆزى يادرو قۇراللىرىنى ئۇرۇشتا ئىشلىتىش مۇمكىن دەپ ئويلاپ قالسىچۇ؟

## «كېلەركى يىل»

روسىيە 1989 ـ يىلى ئافغانىستاندا ئۇزاق زامان داۋاملاشقان ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇردى، بۇ چېكىنىش ئۇكرائىنىدا قايتا تەكرارلىنىدىغان ئۆلگە بولۇپ قالامدۇ؟ 72 سائەتتىن بىرقانچە ھەپتىگىچە، ئاندىن بىر قانچە ئايلىق ئۇرۇش، ئۇكرائىنانى مۇستەھكەم تۇرىشى قىيىن دەپ تەسۋىرلەنگىنىدە، پۇتىن ئارمىيەسىنى بولسا دائىم ئىنچىل ئالدىغا ھەركەتلىنىدۇ دەپ تەسۋىرلەندى، بۇ تەسۋىرلەش ئۇكرائىنا رەئىسى زېلېنىسكىنىڭ بىرىنچى ھۇجۇمدىن كېيىن، ئۇكرائىنا ئارمىيىسىنى قايتا جەملەش بىلەن بىرگە مۇھىم نىشانلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئۈمۈدسىزلىككە ياردەم بېرىدۇ: غەربنىڭ ئالدىدا ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى قورال ـ ياراق ۋە ياردەم ئەۋەتىش ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتەرگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، موسكۋا جەنۇب ۋە غەربتە ئوپمۇ ـ ئوخشاش يەنە بىر قېتىملىق ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتاتتى.

روسنىڭ كىيىۋ رايونىدىن چېكىنگەندىن بېرى پۇتىنىنىڭ دومباستىكى ئىككىنچى ھۇجۇمى تۆت ئاي ئىلگىرى باشلانغان بولۇپ، روسىيە ھەرقانداق بىر شەكىلدىكى ھەل قىلغۇچ يول ـ يورۇقتا قادىر بولالمىدى. زور ئەسكىرى چىقىم بىلەن سېۋېرو دونېستىك ۋە لىسى شانىسكتا رايونلۇق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاندىن لوھانىسكنىڭ رايونىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللىگەن بولسىمۇ، لېكىن پۇتىن ئارمىيىسى يېڭىدىن خالتا كوچىغا كىرىپ قالدى. روسىيە قورۇقلۇق ئارمىيىسى ئىلگىرلەشنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ بۇ تولىمۇ ئاستا ئۇسلۇبتا زور چىقىم بىلەن بولدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ چوڭ قىسمىنى ئۇرۇش ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسىنى ئارقىغا ياندۇرۇش ۋە موسكۋانىڭ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز شەكىلدە ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئېلىپ باردى. ئامېرىكا ئىستىخباراتى ۋە ناتو ئۇكرائىنانىڭ روسقا ئوخشاش زور ھەجىمدىكى ئۆلۈك ياردىدارلىرى بار. لېكىن مۇداپىئە قىسمىنىڭ روھىي كەيپىياتى يەنىلا كۈچلۈك دېگەنگە ئىتتىپاققا كەلدى. پۇتىن ھالىدىن كەتكەن روس ئەسكەرلەرنى ئۆلارنى ساقلاپ تۇرغان ئۆلۈمگە ئەۋەتكەندە، ئۇكرائىنا يېڭى قىسىم ۋە ئارمىيە ھازىرلاشقا، شۇنداقلا ئۇكرائىنا ئەسكەرلىرىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۆلارنى يەر يۈزىدە مۇھاپىزەت قىلىشنى نىشان قىلغان بىرقانچە ئىستىراتېگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە قادىر بولالىدى.

پۇتىن ھوقۇقىنىڭ بېشىدا بولۇشى بىلەن بىرگە، دومباسنىڭ ئاخىرقى يېرىمىنى

ئىگەللەش ئۈچۈن بولغان جەڭ تولىمۇ ۋەھشىي بولدى، قىسىملىرىنىڭ يەر يۈزىدىكى چېكىنىشىگە ئەگىشىپ روسىيە ھاۋا ۋە راكېتا ئۇرۇشى قوزغاش ئارقىلىق ئۇرۇشتىكى تارىخى ئۇسلۇبىغا قايتتى. راكېتالار قويۇپ بەردى ۋە ئۇكرائىنادىكى مۇداپىئەچىلەرنى كۆنگە مىڭلاپ زەمبىرەك ئوقلىرى بىلەن بومباردىمان قىلدى. ئۇكرائىنا قورال-ياراق جەھەتتە كۆپ ئۈستۈن بولمىسىمۇ، لېكىن غەربنىڭ يېڭى ياردەملىرى بىلەن يىراقتىن زەربە بېرەلەيدىغان، سوۋېت بىلەن سانىغا قارىشى تۇرالايدىغان، ۋەھشىي ئارمىيەنىڭ قارشىسىدا ئىنچىكە زەربە بېرىشكە ئىگە بولالايدىغان ھالغا كەلدى.

دۆمباسنىڭ غەربىي جەنۇبىغا ئۇرۇش مەيدانى ئوخشىمايدىغان ھالەتتە ئاشكارا بولدى، روسىيە يەرگە باغلىنىپ زېمىنلارنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويدى، ئۇنىڭ دىنىيېپىر دەرياسىنىڭ غەربىدىكى كەڭرى ئورۇنلىرى ئۈزۈپ تاشلىنىپ، چۈنكى ئۇكرائىنا دەريا ئۈستىدىكى ئاساسىي تۆمۈر يول ۋە يول كۆۋرۈكلىرىنى ۋەيران قىلىشقا ياكى زىيان سېلىشقا قادىر بولالىدى، بۇ-روس ئارمىيىسىنىڭ تەمىناتىنى ئۈزۈپ قويۇشقا سەۋەب بولدى، ئامېرىكا ئىستىخباراتى روسىيەنىڭ رايونغا قوشۇمچە قوشۇن يۆتكەشكە تۇتۇش قىلىشىنى كۆزىتىۋاتىدۇ، لېكىن روسىيە ئارمىيىسىنىڭ دەريانىڭ غەربىدىكى سانى 25 مىڭغا يېتىدىغان ئەسكىرى- قورشاپ يوقىتىش دائىرىسىگە چۈشۈپ قېلىش ئالدىدا دەپ مۆلچەرلىمەكتە.

پەرىقلەردىن سانىلىدىغىنى ئۇكرائىنانىڭ ئالدىنقى سەپلەرنى بوسۇپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇشتىن روسنىڭ تەمىناتىنى ئۈزۈش ئارقىلىق ئالدىنقى سەپتىكى قىسىملارنى ئاچ قويۇشقا يۈزلەنگىنى بولۇپ، بۇمۇ ھەم ئۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىدىغان ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ھالسىرتىش پەقەت ئالدىنقى سەپتىكى تانكا ۋە ئارمىيەلەرنى يوقىتىش مەسىلىسىلا ئەمەس. ئۇكرائىنا ئوق-دورا، تەمىنات، يېقىلغۇ ئامبارلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئارقا سەپتىكى ئۇرۇش لازىمەتلىكلىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ.

ئۇكرائىنا گېنېرالى مايور دىمىتتىرو مارشىينكو ( ئۇ جەنۇبتىكى قوماندان) ئۇكرائىنا ر ب س تورىغا مۇنداق دېدى:-« خېيرسوننى ئازاد قىلىش تولۇق تاماملىنىدۇ». مارشىينكو خېيرسون رايونىدىكى ئۇكرائىنانىڭ قايتۇرما ھۇجۇمى مېۋە بېرەشكە باشلىغاندا، ئېنىق تارىخنى تىلغا ئالماي مۇنداق دەيدۇ:-« مەن ئالدىن خەۋەر بېرىشنى ياخشى كۆرمەيمەن، لېكىن بىزگە ۋەدە قىلىنغان ۋە ئەمەلىيەتتە ئېھتىياجىمىز بار قوراللارغا ئىگە بولساق، كېلەر يىلى ئەتىيازدا غەلىبىنى تەبرىكلەيمىز دەپ ئويلايمەن».

پۇتىن ئۇرۇش ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئاياقلىشىدۇ دەپ ئويلىدى، لېكىن ئۇنىڭ جىگەرلىك، كۈچلۈك رەقىپلىرى كەلگۈسىگە «كېلەر يىلى» دەپ ئىشەنچ بىلەن باقىدۇ.

[illegible]